سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# ئىقتىساد نەزەرىيەسىدىكى يېڭى بۆسۈش

1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» پارتىيەمىزنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيەسىدىكى مۇھىم بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

دۆلىتىمىزدە 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان يېزا ئىسلاھاتىدا 1984 - يىلى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە يۆتكەش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە ئىسلاھات جەريانىنىڭ مۇقەررەر تەلىپىگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەل ۋاقتىدا 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا قاراپ چىقىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئىزاھلاپ بەردى.

قارار پىلانلىق ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى بىلەن زىتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قاراشنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ تونۇشقا ئاساسەن، قارار «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش» دېگەن قاراشنى ئۆزگەرتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يىغىنچاقلىدى: بىرىنچى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تولۇق تەرەققىياتىنى تەكىتلەش جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان باسقۇچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر شەرتى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يولغا قويۇشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ ئىككىنچى، بازار ئارقىلىق تەڭشەش رولىنىڭ ياردەمچى خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى داۋاملىق مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خىل رولنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى؛ ئۈچىنچى، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى يېڭىدىن ئىزاھلاپ، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى ئاساس قىلىشقا باراۋەر ئەمەسلىكىنى، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ۋە يېتەكلەش خاراكتېرلىك پىلاننىڭ ھەممىسى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ كونكرېت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. يېتەكلەش خاراكتېرلىك پىلان ئاساسلىقى ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولىدىن پايدىلىنىشقا تايىنىپ ئىشقا ئاشىدۇ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانمۇ چوقۇم قىممەت قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسىنى باسقۇچلۇق ھالدا مۇۋاپىق تارايتىش، يېتەكلەش خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش كېرەك. بۇ قاراشلار دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يېڭى نەزەرىيە يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلىدى.

12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسىگە بولغان يېڭى تونۇشىنى نامايان قىلدى، بۇ، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدىكى يېڭى تەرەققىيات.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۈزەل كەلگۈسىگە ئاتلىنىش

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ بۈرج ئۈچۈن، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملىنىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭنى ھەرگىز توختاتمايدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادە ئۇرغۇتۇلماقتا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۈچنى يىغىپ، ھەرقايسى تەرەپ كۈچلىرى تەڭ ئىلگىرىلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، نىشان - ئۆلچەمنى زىچ چۆرىدەپ، غايەت زور جاسارەت ۋە كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ «ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇرغىسى» چېلىندى، «يول خەرىتىسى» يېيىلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى كادىرلار، ئاممىا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، نامرات رايونلارنىڭ ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

«ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»تىكى دەل توغرا يېتەكلەش — ئاپتونوم رايون يۆلەش ئوبيېكتى، تۈر ئورۇنلاشتۇرۇش، مەبلەغ ئىشلىتىش، تەدبىرنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كەنتكە قاراپ ئادەم ئەۋەتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى دەل جايىدا بولۇشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەشتە تىكىش ماھارىتى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى.

«يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىش — ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ، ئادەمگە قاراپ، ئېھتىياجغا قاراپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يەرنى ئىنقىلاپ قايتا تەقسىملەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەنتكىچە، ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ياردەم بەردى، يۆلىدى.

«نامراتلارنى يۆلەش كۈچلىرى» ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىش — «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى، نامراتلارنى يۆلەش «1 - شۇجىلىرى»، نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى... زور بىر تۈركۈم كىشىلەر كۆڭۈلنى توختىتىپ، كەمتەر بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇردى.

…

ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قەدىمى قەتئىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىزى پۇختا بولدى. تۈرمۇتۈر سىياسەت مەدەتتى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈپ، قاتنىشىپ، كۆپ خىل تۈرلەر ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىپ، ھەرقايسى تەرەپ مەبلىغىنىڭ نەقلىشىشىگە تۈرتكە بولۇنۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مۇجەسسەملەندى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا نامرات كەنتلەرگە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە 1 - شۇجىلارنى ئەۋەتىش تولۇق قاپلىنىپ، دىققەت مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈلدى، ئادەمگىچە دەل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇپ، مەسئۇلىيەت قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىلدى؛ 2018 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا سېلىنغان تۈرلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغى 33 مىليارد 411 مىليون يۈەنگە يەتتى...

بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 2014 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شىنجاڭ جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 2131 كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش، 13 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، شىنجاڭنىڭ نامراتلىق خەرىتىسى تەدرىجىي كىچىكلىدى.

ئاتقا يۆلەپ چىقاردى، بىر مەھەل ئۇزىتىپ قويدى. نامرات ناھىيەلەر نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، يەڭنى تۈرۈپ تىرىشىپ ئىشلەپ، قېپقالغان نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى داۋاملىق ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى.

### دەل جايىدا بولۇش بىر ئادەممۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قىممىتى دەل جايىدا بولۇشتا، مۇھىملىقى دەل جايىدا بولۇشتا، غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى دەل جايىدا بولۇشتا.

شىنجاڭنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئالغا سىلجىتقانلىقى كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى نەپىس، يىڭنە ئۇسۇلى ئەستايىدىل بولغان ئېسىل كەشتە بۇيۇمىغا ئوخشايدۇ. «كەشتە رىسالىسى»نى ئاچساق، ھەربىر نامرات ئائىلە، ھەربىر نامراتنىڭ ھەممىسى ئېنىق ھالدا بىر كوردىناتقا ماس كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەر نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بەخت ئىشىكىگە تۇتاشقان.

بىر كەسىپ گۈللەنسە، بىر تەرەپ بېيىيدۇ؛ بىر كىشى ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشتىن - ئاخىر ھەرقايسى جايلارنىڭ دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم تايانچى بولدى. ئېغىر نامرات رايونلاردا يۈرسىڭىز، شەھەر - يېزىلاردىكى زاۋۇت سېخلىرىدا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى، ئۇياقتىن بۇياققا موكىدەك ئۆتۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان سىيمالار ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا جان پىدا قىلىش روھىي ھالىتى تولۇپ تاشتى.

خاس ئەۋزەل كەسىپلەر راۋاجلىنىۋاتىدۇ، يېتىلىۋاتىدۇ، زورىيىۋاتىدۇ. خاس باغ - ئورمانچىلىق، خاس تېرىقچىلىق، خاس باقمىچىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ ھەم سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ ئۈنۈمى ئاشۇرۇلۇشقا كۈچ سەرپ قىلىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ يېڭى كىرىم ئاشۇرۇش بوشلۇقى كېڭەيتىلدى.

كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرى تەدرىجىي ئەمەلىيلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، يېمەكلىك پىششىقلاش، يالغان چاچ قاتارلىق كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز توپلىنىپ، «نامراتلارنى يۆلەش سېخى»نىڭ كەنتلەردە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، نامرات كىشىلەر ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئۆيدىن چىقمايلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئاممىا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلماقتا. ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى پۇختا قەدەممۇقەدەم ئالغا سىلجىتىلىپ، تولۇق ئىشتات بىلەن چىقىرىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، نۇرغۇن نامرات دېھقان سانائەت ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، ماھارەت ئىگىلىدى.

يەرنى ئىنقىلاپ قايتا تەقسىملەش، چېگرا قوغدىغۇچىغا ئايلاندۇرۇش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش... ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئائىلىلەرگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئادەمگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى، تۈرلۈك تەدبىرلەر خۇددى ئۆتكۈر يا ئوقىغا ئوخشاش نامراتلىق قورغىنىنى دەل جايىدا بىتچىت قىلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈم ئېففېكتىنى كۆزلەپ، شىنجاڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى تۈپتىن توسۇپ، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، قايتا نامراتلىشىشتىن ساقلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. بۇلار شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى كەيپىياتنى يېڭىلىدى: يېزا - كەنتلەرنىڭ ھەممىلا يېرى يېڭى قىياپەتكە تولدى، پۇقرالار خاتىرجەم ياشىدى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى، باللارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپى بولدى، كېسەل كۆرسىتىش كاپالەتلەندۈرۈلدى، تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، نامرات رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ماددىيلىقتىن مەنىۋىلىكىچە، سىرتىدىن ئىچىگىچە بولغان ئۆزگىرىشلىرى كىشىنى خۇشال قىلدى.

نەتىجىلەرنى ئەسلىگەندە، ھازىرقىلارنى ھېس قىلغاندا، كەلگۈسىگە ئىنتىلگەندە، بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى قەلبىمىزدە ئۇرغۇيدۇ؛ چۈنكى دەل جايىدا «تېمىتىپ سۇغىرىش» ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىلا، «كەشتە تىكىش ماھارىتى» تولۇق ئىشقا سېلىنغاندىلا، «ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا، بىرىمۇ كەم قالسا بولمايدۇ» دېگەن مەردانە قەسەم ۋە چىن ھېسسىيات ئاندىن مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، ئاندىن ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىنى ھەقىقىي ئىللىتالايدۇ.

### كۆچەپ يۈگۈرۈش بەختكە چۆمگەن ئەتىگە ئاتلىنىش

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت تەنتەنىگە چۆمدى. ئېگىزلىكتىكى كىچىك شەھەر ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ چارلۇق يېزىسى ئاھالىسى ئالىمخان قەيسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كۈندە قوش خۇشاللىق بولدى. ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈلگەن ئاھالە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ بۇ كۈنى خۇشال - خۇرام يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ، ناھىيە بازىرىنىڭ كوئېنلۇن جايلىۋەندىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى ئاھالىگە ئايلاندى. يېڭى ئۆيى 80 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئازادە، يورۇق، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى. ئالىمخان ئالاھىدە بەختنى ھېس قىلدى.

ئالىمخان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆچۈرۈلۈپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى — جەمئىي 11 مىڭ 900دىن كۆپرەك كىشى باراۋەر ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىلىنىدىغان يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاقتۇ ناھىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار تېخىمۇ زور جاسارەت، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق جاسارەت بىلەن كۆچەپ يۈگۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى قورغانغا ھۇجۇم قىلماقتا. بۇ رايون شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى بولۇپ، نامرات نوپۇس كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتتىكى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئومۇمىي نامرات نوپۇسنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنى ئىگىلەيدۇ.

نىشان - ئۆلچەم ئېنىقتىن ئېنىق بولدى. دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەي، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەي، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەي، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەي، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەي؛ ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۆرىمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

يۆنىلىش، يول ئېنىقتىن روشەن بولدى. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇلۇپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش» ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش» ئالغا سىلجىتىلىپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتى داۋاملىق ساقلىنىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش، مەبلەغ - تۈر، سىياسەت كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇندى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىلگىرىلەش قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېز بولدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 38 مىليارد 152 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 94.22%ى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قېپقالغان 9300دىن كۆپرەك نامرات ئاھالىنىڭ بىخەتەر تۇرالغۇسىنىڭ كۆپەنچىسى تاماملاندى، يىل ئاخىرىغىچە ھەممىسى پۈتىدۇ، 260 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ...

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش، نۇقتا بويىچە ياردەم بېرىش - يۆلەش، ھەمكارلىشىپ نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتناشقان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىكمە كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى. بۇ يىل 8 - ئايغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 1232 پۇقراۋى كارخانا «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» دەل جايىدا نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، جەمئىي 1278 نامرات كەنتكە ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، 270 مىڭدىن كۆپرەك نامرات ئاممىنى نەپكە ئېرىشتۈردى.

ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، ئىشەنچى تولۇپ تاشتى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن كۆچەپ يۈگۈرۈپ، چوڭ قەدەم تاشلاپ گۈزەل كەلگۈسىگە ئاتلاندى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئۆسمۈر قەھرىمان — لەي نىڭ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر كاڭ جىنچيەن)** سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يائەن شەھىرى شىميەن ناھىيەسىدە 14 ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر مەيدان بار. لەي نىڭ، بۇ شۇ جايدىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئوت ئۆچۈرگەن ئۆسمۈرنىڭ ئىسمى. 31 يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىزچىل ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلمەكتە.



**لەي نىڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).**
**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

لەي نىڭ 1973 - يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يائەن شەھىرى شىميەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن تارتىپلا تاغلىق رايوندىكى بالىلارغا ئوخشاش تەۋەككۇلچىلىك جۈرئىتى تولۇپ تاشقان بولۇپ، تاغدىكى تاشلار، ياۋا گۈللەر، كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نامەلۇم دۇنياسىدىكى ئىزدىنىش ئوبيېكتى ئىدى. ئۇنىڭ سومكىسىدا ھەرقاچان بىر بولقا بار بولۇپ، غەلىتە تاشلار ئۇچرىسىلا بولقا بىلەن ئۇرۇپ باقاتتى. ئۇ ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى: «كەلگۈسىدە لى سىگۇاڭغا ئوخشاش ئالىم بولىمەن».

مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، لەي نىڭ بىرقانچە دوستى بىلەن «جىنلۇڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»نى تەشكىللەپ، دائىم تاغقا چىقىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ گۆھەر ئىزدەيدۇ، لەي نىڭ ئۇلارنىڭ «باشلىقى» بولىدۇ. لەي نىڭنىڭ باللىق ۋاقتىدىكى ھەمراھى لى لىنجۇۋ مۇنداق دېدى: «لەي نىڭنىڭ دەرستىن سىرت ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، گېئولوگىيە، بىيولوگىيە، سىمسىز رادىيو، خىمىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا ئۇ تاغدىكى نۇرغۇن تاشلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتى، يەنە ئېلىپ كېلىپ ساۋاقداشلىرىغا كۆرسىتەتتى.» شىميەن ئوت خەۋپى بار رايون بولغاچقا، ھەر قېتىم تاغدا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە «جىنلۇڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»نىڭ ئەزالىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاغقا چىقىپ چوڭلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشىگە ياردەم بېرەتتى.

1988 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىميەنلىكلەر ئۇنتۇپ قالمايدىغان كۈن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 ئەتراپىدا تاغدا تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، ناھىيەنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمان، سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش پونكىتى ۋە ماي ئىسكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى زور خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ. لەي نىڭ ئوت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ ئەنسىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆيدىكى ئاغرىپ قالغان ئانىسىغا: «مەن بىنادىن چۈشۈپ ئايلىنىپ كىرەي» دەيدۇ، بىنادىن چۈشۈپلا، لەي نىڭ ئوت كەتكەن نەق مەيدانغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرەيدۇ، ھەمراھلىرىمۇ كەينىدىن يېتىپ بارىدۇ. كۆپچىلىك نەق مەيداندا بىرقىسىم قارىغاي شاخلىرىنى تېپىپ كېلىپ ئوت ئۆچۈرىدۇ، لېكىن ئوت ۋەزىيىتى ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ، لەي نىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئوت دېڭىزىغا نەچچە قېتىم ئېتىلىپ كىرىدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئوت ئۆچۈرۈلىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن لەي نىڭنى بايقىغان چاغدا، لەي نىڭ ئوڭ قولىدا بىر تۈپ قارىغاي كۆچىتىنى چىڭ تۇتۇۋالغان، بېشى تاغ باغرىغا يۆلىنىپ قالغان، كۆزەينىكى يوقاپ كەتكەن، سول قولى يەرگە تىرەكلىك، ئوڭ پۇتى تېخىچە يۇقىرىغا يامىشىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. لەي نىڭنىڭ دۆلەت مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئوت ئۆچۈرۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىش ئىزى كەڭ تارقالدى. 1988 - يىلى 5 - ئايدا سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى لەي نىڭنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى؛ 1989 - يىلى 5 - ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى لەي نىڭغا «قەھرىمان ئۆسمۈر» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت پىيونېرلارنى لەي نىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

سۇ، ئوت رەھىمسىز، خەتەر ئالدىدا كۆڭۈلدە ۋەھىمە پەيدا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەھرىماننى چاقىرىشى خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدىغان بىرەر كىشىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ھەر قېتىمقى بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، شىميەن ناھىيەسىدە لەي نىڭ خاتىرە سارىيىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. سارايغا لەي نىڭنىڭ سۈرىتى قويۇلغان بولۇپ، سۈرەتتىكى لەي نىڭنىڭ چىرايىدا گەرچە ساددىلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، ئەمما روھىي ھالىتى قەيسەر بولۇپ، كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. «لەي نىڭدا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت بار، بۇ خىل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ» دېدى بىر ئېكسكۇرسىيەچى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇھىتى ناچار، قاتنىشى قولايسىز بولۇپ، بۇ جاي يېرىم بېكىنمە ھالەتتە دېگۈدەك تۇرغانىدى. 99 ياشلىق مەتشا ئوسمان يېزىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۆمرىدە بېرىپ باققان ئەڭ يىراق جايى خوتەن شەھىرى بولۇپ، كېرىيە ناھىيەسىگىمۇ ئاران نەچچە قېتىملا بېرىپ باققان. ئۇ مۇنداق دېدى: «كىچىك ۋاقتىمدا كەنتتە مەلۇم مەزگىلدە بىر قېتىم نەچچە ئون تۆگىلىك كارۋان كېرىيەگە بېرىشقا تەشكىللىنەتتى، بېرىشقىلا 12 كۈن كېتەتتى، پۈتۈن كەنت ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالار توشۇپ كېلىنگەندە، كەنت ئاھالىلىرى قوي بىلەن ئالماشتۇراتتى. ئىلگىرى پەقەت قوناق ئۇنى، جىگدىلا يەيتۇق، كومپارتىيە كادىرلىرى كەلگەندىلا، مەن ئاندىن ئاق ئۇننى كۆردۈم، كەنتتە يەنە رەخت، سەرەڭگە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان دۇكان بار بولدى».

2016 - يىلى، كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈرۈشنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى. يېڭى دەريا بويى ئاھالە نۇقتىسىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 91 كىلومېتىر بولۇپ، 2018 - يىلى 10 - ئايدا، 1 - تۈركۈمدىكى كەنت ئاھالىلىرى كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇراقلاشتى.

يېڭى ئولتۇراقلىشىش نۇقتىسىنىڭ قاتنىشى قولاي بولۇپ، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا كېرىيە ناھىيە بازىرىغا بارغىلى بولىدۇ. يېپيېڭى ئۆيلەر گىرەلەشتۈرۈلۈپ رەتلىك سېلىنغان بولۇپ، تازىلانغان تۇرۇبا سۈيى ھەربىر ئائىلىگە تۇتاشتۇرۇلغان. مەكتەپتە كىتاب ئوقۇغان ئاۋازلار ياڭراپ تۇرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئېلېكترونلۇق دوسكا ئارقىلىق ئوقۇتىدۇ، بالىلارنىڭ ئۆيلىرى 300 - 200 مېتىر يىراقلىقتا. ئون ياشلىق ئابدۇسالام رۇستەم يېڭى مەكتەپكە بولغان ئامراقلىقىنى يوشۇرالمىدى: «بۇ جايدا تاتلىق سۇ ئىچەلەيمەن، ئىلگىرى دائىم مەكتەپتە قوناتتىم، ھازىر كۈندە ئانامنى كۆرەلەيمەن».

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، دەريا بويى يېزىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىغا ئاساس سېلىندى. كەنت ئاھالىلىرى توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈشنى ئۆگەندى، پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ، قۇملۇق ساياھىتى بىلەن شۇغۇللاندى. يېزىدا چارۋىچىلىق، توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش ۋە ساياھەتتىن ئىبارەت ئۈچ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلۇپ، كۆپچىلىكنى بازارغا كىرىشكە يېتەكلىدى. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جيا سۈنپىڭ مۇنداق دېدى: «كېلەر يىلى، بىز چوقۇم پۈتۈن يېزا بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىمىز».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769. تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)